# مەخسۇس تۈزەش باش تېما تەربىيەسىنىڭ مۇھىم تۇتقىسى قىلىندى

(بېشى 1 - بەتتە)

7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يەنە ئايرىم - ئايرىم ھالدا «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتى بويىچە مەخسۇس تېمىلىق يىغىن ئېچىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ باش تېما تەربىيەسى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىشقا قارىتا ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، تۈزىتىش ۋەزىپىسى ۋە ۋاقىت چېكى تەلىپىگە سېلىشتۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ھېسابات دەپتىرى تۇرغۇزۇپ، زىددىيەت ئەڭ گەۋدىلىك، پىكىر ئەڭ مەركەزلەشكەن، دەرھال ھەرىكەتلىنىپ دەرھال تۈزەتكىلى بولىدىغان مەسىلىلەرنى تۇتۇپ، باشلىنىشى بىلەنلا تۈزىتىشكە باشلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۈڭتىڭى ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باشلامچىلىق بىلەن ئومۇمىي جەھەتتىن تۇتۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈش، باھالاش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ قېلىپلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرىنى تۈزدى، ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك 2019 - يىللىق نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈش، باھالاش ئىش تۈرلىرىنى ئىلمىي مۇۋاپىق تۈزدى، ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك ھۆججەتلىرىنى ئىخچاملاش نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ۋەزىپىلەرنى تورمۇتور ئالغا سىلجىتتى، بىر تۈگۈن - بىر تۈگۈندىن ياخشى تۇتتى ھەم ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق تارماقلارنىڭ ھۆججەت، يىغىن نىشان - ۋەزىپىلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى مۇۋاپىق پەيتتە ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ پۇختا ئەمەلىيلىشىشى، دەل ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولدى.

ئاساسىي قاتلامنىڭ دوكلات جەدۋەللىرى كۆپ بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسى (ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلاھات ئىشخانىسى) ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىق تۆت ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە «ئاساسىي قاتلامدا بىر جەدۋەل بولۇش» مەخسۇس تۈر ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، شەكىلۋازلىق گەۋدىلىك بولۇش مەسىلىسىنى تۈزەپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىپ، باغلاقنى بوشاتتى.

ئىسلاھات ئارقىلىق، سانجى ئوبلاستى «بىر تۈرلۈك خىزمەتتە بىر جەدۋەل بولۇش» «ئوخشاش تۈردىكى سانلىق مەلۇماتنى بىر قېتىم ئىستاتىستىكىلاش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بولسىمۇ بولمىسىمۇ بولىدىغان جەدۋەل ۋە تۈرلەرنى قايتا قىسقارتىپ، قايتا بىرلەشتۈرۈپ، قايتا ئىخچاملىدى، نۆۋەتتە پەقەت ئالتە تارماق سەككىز جەدۋەلنىلا ساقلاپ قالدى. ماناس ناھىيەسى باۋجىيادىيەن بازارلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ما خۇەن مۇنداق دېدى: «‹ئاساسىي قاتلامدا بىر جەدۋەل بولۇش› سىناق نۇقتىسى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ يۈكىنى زور دەرىجىدە يېنىكلەتتى، ھازىر بىز ئاممىغا ياردەم قىلىپ تېخىمۇ كۆپ ئەمەلىي مەسىلە ۋە قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشقا ۋاقىت چىقىرالايدىغان بولدۇق».

## ■ مەسىلە توغرا تېپىلدى

مەسىلىگە قاراپ ئاتلىنىپ، تۈگۈننى كۆزلەپ ئۆزگەرتىش. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار مەخسۇس تۈزەشنى ئۆگىنىش - تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش بىلەن جىپسىلاشتۇرۇپ، «تۈزىتىش»نى باشتىن - ئاخىر سىڭدۈرۈپ، مەسىلە تىزىملىكىنى تورمۇتور مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈزەش تەدبىرلىرىنى سېلىشتۇرۇپ، تەپسىلىيلەشتۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈزەش تەدبىرلىرىنى كونكرېت خىزمەتلەردە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، مەخسۇس تۈزەشنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمى ئارقىلىق باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىپ، باش تېما تەربىيەسىدە مەخسۇس تۈزەيدىغان ئون جەھەتتىكى گەۋدىلىك مەسىلىگە سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىدە ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەر ۋە كەمتۈكلۈكلەر، ئاجىز تۈرلەرنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تېپىپ، توققۇز مەخسۇس تۈزىتىش لايىھەسىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقىپ، مەسىلىلەرنى تەپسىلىيلەشتۈرۈپ، كونكرېت تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، باشلامچى رەھبەر، مەسئۇل كىشى، تۈزىتىش ۋاقىت چېكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، بىر - بىرلەپ تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتتى.

يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى يىغىن ئېچىپ، مالىيە نازارىتى ئۈستىگە ئالغان ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلارنى يۆلەش ساھەسى ۋە ئىستىل مەسىلىسى، دېھقانلارغا نەپ يەتكۈزۈش مالىيە تولۇقلىما مەبلىغىنى باشقۇرۇش قاتارلىق ئۈچ تۈرلۈك مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىشنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە، نامراتلارنى يۆلەش، ئىقتىسادىي تەپتىش قاتارلىق تارماقلىرى كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ، مەبلەغنىڭ تۈرگە ئەگىشىپ مېڭىشىدا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى نامراتلارنى يۆلەش ۋەزىپىسى بار نامرات ئەمەس 43 ناھىيەگە قارىتا نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىش بىخەتەرلىكى، ئۈنۈملۈكلۈكى، بەلگىلىمىگە ئۇيغۇنلۇقى جەھەتتە مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى، بولۇپمۇ مەبلەغ ئىشلىتىشتە يۆتكەپ ئىشلىتىۋېلىش، تۇتۇپ قېلىش، تۇرۇپ قېلىش، خىيانەت قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ بار - يوقلۇقىنى قاتتىق تەكشۈردى.

ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئاجىز، چېچىلاڭغۇ بولۇش مەسىلىسىنى تۈزەش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش كومىتېتى پارتكومى جۇڭتەي گۇرۇھى، رەڭلىك مېتال گۇرۇھى، شىنتوۋ گۇرۇھى قاتارلىق كارخانىلارنىڭ 42 ئاساسىي قاتلام پارتكومى، 96 ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، باش تېما تەربىيەسى بويىچە مەخسۇس تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، بىر - بىرلەپ رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، تېگى - تەكتىنى ئېنىقلاپ، گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى توغرا تېپىپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، مەخسۇس تۈزەشنى ياخشى تۇتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش كومىتېتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر گاۋ جىياڭخۇەي مۇنداق دېدى: تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، كارخانىنىڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىدا ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېنىقلاپ چىقتۇق، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ئۆلچەملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تۇتقا قىلىپ، كارخانا پارتكومىنىڭ «ئىككى مەسئۇلىيەت»نى كۈچەپ چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشىمىز.

## ■ خەلق تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈندى

باش تېما تەربىيەسىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، مەخسۇس تۈزەشنىڭ كىرىش ئېغىزىنى ھەقىقىي توغرا تېپىپ، باش تېما تەربىيەسى داۋامىدا ئورۇندىغىلى بولىدىغان ۋەزىپىلەرنى ھەققەتەن ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا بېكىتىپ، ئاممىنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ رېئال مەنپەئەت مەسىلىلىرىنى تىرىشىپ ھەل قىلىپ، تۈزىتىشنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى «كۆرگىلى بولىدىغان، تۇتقىلى بولىدىغان» قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇردى.

يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى 2019 - يىللىق شىنجاڭ رايون ئىچى تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپى، ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ئېچىۋېتىش كۈنى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، رايون ئىچى تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپىنى تەسىس قىلغان جاي ۋە ئوقۇغۇچى مەنبەسى مەكتەپلىرى ۋەكىللىرى، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاتا - ئانىلار ۋەكىللىرى قاتارلىقلارنى نەق مەيدانغا تەكلىپ قىلىپ، «ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، كومپيۇتېردا ئاپتوماتىك تەقسىم قىلىش، قوبۇل قىلىش تىزىملىكىنى بېسىپ چىقىرىش، تەقسىم قىلىش نەتىجىسىنى نەق مەيداندا ئېلان قىلىش» قاتارلىق ھالقىلارنىڭ پۈتۈن جەريانىنى ئورتاق نازارەت قىلدى.

ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى ما بىڭجېي بۇ ھالقىلارنىڭ پۈتۈن جەريانىغا گۇۋاھ بولغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنىڭ ئاشكارا، ئادىل، باراۋەر بولغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن چەك تارتىپ قوبۇل قىلىش ھالقىسىغا قاتناشتىم، بۇنىڭدىن پۈتكۈل قوبۇل قىلىش جەريانىنىڭ ھەققەتەن ناھايىتى چىڭ ھەم ناھايىتى ئوچۇق - ئاشكارا ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدىكەن».

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ئاممىنىڭ ئىنكاس قىلغان قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىنى باش تېما تەربىيەسى بويىچە مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، «ئاشكارا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش» تۈزەش لايىھەسىنى بېكىتتى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل كىشى مۇنداق بىلدۈردى: بۇنىڭدىن كېيىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسلاھات - يېڭىلىق يارىتىش، مەنبەدىن تۈزەشكە تۈرتكە بولۇپ، تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشنى قاتتىقلاشتۇرۇپ، قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىمتىھان ئېلىش، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنىڭ ئوچۇق - ئاشكارا، ئادىل - باراۋەر، قېلىپلاشقان - تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز.

تېببىي خادىملارنىڭ «شېرىنكانە» ئېلىش، «قىزىل بولاق» قوبۇل قىلىش، دورىنى تېگىشىش - ئالماشتۇرۇش، قەستەن داۋالىنىش سۇغۇرتىسى فوندىنى ئالداپ ئېلىۋېلىش مەسىلىسىگە قىلچە يول قويماسلىق؛ بىرلەشمە قانۇن ئىجرا قىلىپ «قارا قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى»غا زەربە بېرىش... باش تېما تەربىيەسىدە، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك داۋالاش - سەھىيە سىستېمىلىرىنى داۋالاش - سەھىيە ساھەسى بويىچە مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇنى باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىر قىلىپ، پۇختا تۈزىتىپ، تۈزىتىشتىن نەتىجە - ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق داۋالاش - سەھىيە ساھەسى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لياڭ فېڭ مۇنداق دېدى: «كېيىنكى قەدەمدە، بىز باش تېما تەربىيەسىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، داۋالاش ئالدامچىلىقى، ئىستېمالغا قىزىقتۇرۇش قاتارلىق داۋالاشتىكى قالايمىقان ھادىسىلەرگە زەربە بېرىش سالمىقىنى داۋاملىق زورايتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ساغلاملىق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى ھەقىقىي قوغدايمىز».

# پارتىيە ئېڭى، پارتىيە ئەزاسلىق ئېڭى، ئىنتىزام ئېڭىنى كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە نىزامنامىسىگە، پارتىيە قائىدىسىگە ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىگە سېلىشتۇرۇپ، مەسىلىگە توغرا قارايدىغان ئاڭلىقلىق ۋە پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىدىغان جاسارەت بىلەن، ئەسلى مەقسەت ۋە بۇرچقا خىلاپ مەسىلىلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ تېپىپ چىقىپ، تۈزىتىش يۆنىلىشى ۋە تەدبىرلىرىنى ئايدىڭلاشتۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، رەئىس نۇرلان ئابىلمەجىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم خۇلاسە سۆزى قىلدى. چېڭ جىنشەن، جۇرئەت ئىمىن، جاڭ بو، مۇتەللىپ ئوبۇل، ئىلھام سابىر، ما شيۇچېڭ سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش سۆزى قىلدى، ماغاۋ سىيىتقامزا، ياڭ يۇك يازما سۆز قىلدى.

يىغىندىن ئىلگىرى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى ئۆزلۈكىدىن پارتىيە نىزامنامىسى، «يېڭى ۋەزىيەتتە پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشقا ئائىت بىرقانچە مىزان»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئىنتىزام جازاسى نىزامى»نى ئەستايىدىل ئۆگەندى. يىغىندا كۆپچىلىك مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلەپلىرى بويىچە قانۇن - نىزامغا توغرىلىنىپ، ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت تەلىپى بويىچە، بىرمۇبىر سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈپ، پەرق ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ تېپىپ، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى.

كۆپچىلىك ئۆزىنى تەتبىقلاش، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى تەتبىقلاش، خىزمەتنى تەتبىقلاشتا چىڭ تۇرۇپ، پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىدىغان روھ بىلەن تونۇشنى سۆزلەپ، تەسىراتنى سۆزلەپ، مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تېپىپ، ئەقىل كۆرسىتىپ، تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۆزىگە، يولداشلارغا، بەنزىگە، پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىغا يۈكسەك مەسئۇل بولۇش روھى بىلەن، ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى قاتتىق، ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، ئۆزئارا تەنقىدنى ھەقىقىي، ئەمەلىي قانات يايدۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيەۋىلىك ئېڭى، پارتىيە ئەزاسلىق ئېڭى، ئىنتىزام ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، كۈچنى مۇجەسسەملەش، ئىتتىپاقلىشىپ غەيرەتكە كېلىش، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىش مەقسىتىگە يەتتى.

نۇرلان ئابىلمەجىن خۇلاسە سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئۇنىڭغا نەمۇنىلىك بىلەن ئەمەل قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاش كېرەك. چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىنچىكە سېلىشتۇرۇپ، پۇختا قىلىپ، پارتىيە نىزامنامىسى ئېڭىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈش، ھەر ۋاقىت پارتىيە نىزامنامىسىنى ئەينەك قىلىپ، پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىنىڭ قەتئىي ئىجراچىلىرىدىن، سادىق قوغدىغۇچىلىرىدىن، ھەيدەكچىلىك قىلىپ تۈرتكە بولغۇچىلىرىدىن بولۇش كېرەك. پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشنى كۈچەيتىپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان، پارتىيەنىڭ پاكلىقىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان بارلىق قىلمىشلارغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىپ، كوممۇنىستلارنىڭ سىياسىي خىسلىتىنى مەڭگۈ ساقلاش كېرەك. باشتىن - ئاخىر ئىنتىزامنى، قائىدىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، دېموكراتىك مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، قائىدىگە ئەھمىيەت بېرىشنى ئادەت ئاڭلىقلىقىغا ئايلاندۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر سىياسىيدا زېرەك ئادەم، سەممىي ئادەم بولۇش كېرەك. مەخسۇس تېمىلىق يىغىن نەتىجىلىرىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، پارتىيە نىزامنامىسىغا سېلىشتۇرۇپ پەرقلەرنى تېپىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، دەرھال تەكشۈرۈپ، دەرھال تۈزىتىپ، بىلگەن ھامان تۈزىتىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا، قەلبلەرگە سىڭىشىگە، ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «1+3+3+ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، ئىدىيەۋى - سىياسىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئورتاق تونۇشنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەپ، دەل جايىدا پىكىر - تەكلىپ بېرىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش داۋامىدا سىياسىي كېڭەشنىڭ تۆھپىسىنى قوشۇش كېرەك.

# دوستلۇقنى بايان قىلىش ئۆزگىرىشلەرنى سۆزلەش پارتىيەدىن مىننەتدار بولۇش

(بېشى 1 - بەتتە)

شۇ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ سايىباغ رايونى دوستلۇق جەنۇبىي يولى تەۋەلىك رايونى غەربىي شىمال يولى جەنۇبىي مەھەللىسىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى مەھەللە بىلەن بىرلىشىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدىن بولۇش بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى بىرلىكتە قانات يايدۇردى. «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى، مەھەللىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى، تەۋەلىك رايوندىكى ئاھالىلەردىن بولۇپ 100 نەچچە كىشى مۇكاپاتلىق سوئال - جاۋاب، يالغۇز كىشىلىك ناخشا، خور، ئۇسسۇل قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان تىلەكلىرىنى ئىپادىلىدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ ھويلىسىنى شادلىق دېڭىزىغا ئايلاندۇردى.

8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سائەت 8دە، قەشقەر شەھىرى يېڭىئۆستەڭ يېزىسى يېڭىنەقاش كەنتىدە كەنت ئاھالىسى نۇرىمانگۈل ياسىن ئازادە، يورۇق ئاشخانىسىدا ئەتىگەندىلا ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

خېمىر يۇغۇرۇش، ساڭزا سېلىش... نۇرىمانگۈل بىر تەرەپتىن ئىش قىلغاچ، بىر تەرەپتىن مۇخبىرغا خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «‹ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش› خىزمەت ئەترىتى، كەنت ئىككى كومىتېتى كادىرلىرىنىڭ باشلامچىلىقىدا، بىز پۈتۈن كەنت بويىچە گۈزەل ھويلا - ئاران قۇرۇلۇشى ئېلىپ باردۇق، بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا ھەققەتەن چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. مەن ئەڭ ئوخشىغان تورتلىرىمنى كۆپچىلىكنىڭ تېتىپ بېقىشىغا سۇنىمەن!»

خوتەن ناھىيەسى لاگرۇ يېزىسى دەرۋازىيا كەنتىگە تۇغقىنىنى يوقلىغىلى كەلگەن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى پەن تەتقىقات تاشقى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى ليۇ لۇمېي تۇغقىنى خوجىئابلا جۇمە بىلەن بىرلىكتە خوتەن شەھىرىدىكى ۋاڭ ۋېي خاتىرە سارىيىنى مەخسۇس ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ئۇلۇغئاتا سۇ ئىشلىرى قۇرۇلۇشىدىن مەنپەئەتلەنگەن خوجىئابلا ۋاڭ ۋېينى شەپقەتچىسى ئورنىدا كۆرىدۇ، ئۇ ئالايىتەن ئۆزى قوي مۈڭگۈزىدىن ياسىغان ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇمىنى خاتىرە سارايغا شەپقەتچىسىگە قىلغان سوۋغىسى سۈپىتىدە سوۋغا قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ئۈچتۇرپان ناھىيەسى ئالغا بازىرى يارېشى كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر ۋە «تۆت پېشقەدەم»لەردىن ھال سورىدى، كەنت ئاھالىلىرى كادىرلارنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇزاق پاراڭلاشتى. «كادىرلار بىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىمىزغا ياردەملەشتى، تۇرمۇشىمىزدا ئۆزگىرىش بولدى، مېنىڭ كۆڭلۈممۇ ئۈمىدكە تولدى. بۇ بىرنەچچە كۈندە كەچلىك بازاردا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلىدۇ، مەن ياخشى تەييارلىق قىلىشىم كېرەك» دېدى كەنتنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلغان كەچلىك بازىرىدا توخۇ كاۋىپى سېتىۋاتقان مەمەتنىياز تۇرسۇن.

«تاغا، بايرىمىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن!» 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سائەت 11دە، ئۈرۈمچى شەھىرى تىيانشان رايونى ئېرداۋچاۋ تەۋەلىك رايونى جەنۇبىي تىنچلىق يولى مىنشىن ئولتۇراق رايوندىكى 89 ياشلىق مەمەت نىياز ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەن گۈيۈەن كوچىسى مەھەللىسىنىڭ كادىرى سۇ يەننى كۈتۈۋالدى. سوۋغاتنى قويۇپ قويغاندىن كېيىن، سۇ يەن كۆڭۈل بۆلۈپ بوۋاينىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى سورىدى. نەچچە كۈن ئىلگىرى، مەمەت يۈرەك كېسەللىكى سەۋەبلىك دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالانغان، سۇ يەن دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۇنى يوقلىغانىدى.

«پارتىيە ياخشى كادىرلارنى مېنىڭ يېنىمغا ئەۋەتتى، مىننەتدارلىق سۆزلىرىمنى ئېيتىپ تۈگىتەلمەيمەن. سىلەر چوقۇم مېنىڭ ئۆيۈمگە كېلىپ بايرام ئۆتكۈزۈڭلار، مەن گۆش سېلىپ سىلەرنى ساقلايمەن!» دېدى مەمەت.

**(مۇخبىرلىرىمىز جاۋ چۈنخۇا، يۈ شى، جاڭ جىلى، لى داۋجۈك، خې لىڭ، گەي يوۋجۈن، ئىختىيارى مۇخبىرىمىز گاڭ لىچياڭ يازغان)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)